روزى گۇلباي

# سي سەد رۇبائىي



قەشقەر ئۇيغۇر نەشر

روزى گۈلباي

学院图书馆
藏书专用章

# سي سەد رۇبائىي

( 300 رۇبائىي )



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

**图书在版编目（CIP）数据**

柔巴依300首：维吾尔文 / 肉孜·古力巴依著. —
喀什：喀什维吾尔文出版社，2012.2
ISBN 978 — 7 — 5373 — 2602 — 5

Ⅰ. ①柔… Ⅱ. ①肉… Ⅲ. ①诗集 — 中国 — 当代 —
维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. ①I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2012）第019070号

责任编辑：**齐曼古丽·阿吾提**
责任校对：**拜合提亚尔·阿布力米提**
美术编辑：**伊力夏提·吐尔逊**

**柔巴依300首**

（诗歌）

作者：**肉孜·古力巴依**

---

**喀什维吾尔文出版社出版发行**
（喀什市塔吾古孜路14号 邮编：844000）
**各 地 新 华 书 店 经 销**
**新疆翼百丰印务有限公司印刷**
880×1230 **毫米** 1/32 **开本** 5.75 **印张**
2012 **年** 2 **月第** 1 **版** 2012 **年** 2 **月第** 1 **次印刷**
**印数：**1 — 3000 **定价：**22.00 **元**

---

如有质量问题，请与我社联系调换 电话：0998 — 2653927

بۉ كىتابىمنى بۉركۉتتەك جەڭگىۋار، مۉزتاغدەك هىممەتدار، پەدەردەك زۉلپىقار، ماداردەك غەمگۉزار، باھاردەك جەلپكار، پەرىشتىدەك بىغۉبار، بۉلبۉلدەك دىل ئۉتار، سۉبھىدەك جەزبدار، ۋەتەن ئۉچۉن پىداكار، خەلق ئۉچۉن ئىپتىخار......ئەمگەكچان، جاپاكەش، قەيسەر،سەممىي، ئاق كۆڭۉل تاجىك قېرىنداشلىرىمغا هۆرمەت بىلەن بېغىشلايمەن!

روزى گۉلباي

2011-يىلى قەشقەر

本诗集所选录的柔巴依诗内容涉及人生、理想、做人、生活、进步等各个方面；题材多样而新颖，语言通俗流畅，富有深刻的哲理与浓郁的生活气息；风格独特，蕴含着民族韵味，贴近生活。


مەسئۇل مۇھەررىرى: چىمەنگۈل ئاۋۇت
مەسئۇل كوررېكتورى: بەختىيار ئابلىمىت
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئىلشات تۇرسۇن


# سى سەد رۇبائىي

## (300 رۇبائىي)

ئاپتورى: روزى گۈلباي


قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ يېبەيغېڭ باسما چەكلىك شىركىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880×1230 م م 1 / 32 ، باسما تاۋىقى: 5.75
2012 ـ يىل 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2012 ـ يىل 2 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1 — 3000

ISBN 978 — 7 — 5373 — 2602 — 5

باھاسى: 22.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 0998_2653927


试读结束：需要全本请在线购买： www.ertongbook.c





## نەشریاتتىن

روزى گۇلباي 1954 ـ یىلى تاشقۇرغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ داتۇڭ یېزىسى كىچىك تۇڭ كەنتىدە تاجىك چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى داتۇڭ یېزىسىدا، تاشقورغان ناھىيە بازىرىدا تۈگىتىپ، 1972 ـ یىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1976 ـ یىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەن. بۇ جەرياندا ئۇ شىنجاڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئىنىستىتۇتىغا پىراكتىكىغا بېرىپ، «شىنجاڭ تارىخى» نىڭ شىنخەي ئىنقىلابى قىسمىنى یېزىش گۇرۇپپىسىدا یاردەمچى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسىدە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، یېزا ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ناھىيەلىك پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، یېزىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ناھىيەلىك مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى، ئاپتونوم ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى، ناھىيەلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ھاكىم قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 2006 ـ یىلدىن بىرى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلمەكتە.







روزى گۇلباي كۆپ قېتىم تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى ۋە ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلانغان، ئىككى نۆۋەت ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان. 1998 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن مەملىكەتلىك 9 ـ ، 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان، 1999 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تاجىك مىللىتىگە ۋەكىل بولۇپ دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىق كاتتا مەرىكىسىگە قاتناشقان.

روزى گۇلباي ئەمەل تۇتۇپ خەلققە بەخت ـ سائادەت يارىتىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى پامىر ئېگىزلىكىگە بېغىشلاپ، كۆز بىلەن كۆرگۈدەك، قول بىلەن تۇتقۇدەك ئىشلارنى قىلىپ، تاجىك دىيارىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان، شۇنداقلا قەلەم تۇتۇپ تاجىك ئەدەبىياتىغا ئاجايىپ مول تۆھپىلەرنى قوشقان.

روزى گۇلباينىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدا باشلانغان بولۇپ، ئۇ دەسلەپتە جۇڭگو تاجىك تىلىدا شېئىر، ناخشا تېكىستى، قوشاقلارنى يازغان. ئۇنىڭ جۇڭگو تاجىك تىلىدا يازغان شېئىر، داستان ۋە قوشاقلىرى 700 پارچىدىن ئارتۇق بولۇپ، نۇرغۇنلىرى مۇزىكىغا سېلىنىپ خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان.

روزى گۇلباينىڭ تاجىك تىلىدا يازغان «مانگۇل» (1974 ـ يىلى)، «ھۆرنەما» (1975 ـ يىلى)، «خۇشرۇي تەڭگېق» (1984 ـ يىلى)، «مودېل ئەۋەس» (1985 ـ يىلى) ۋە «سۇرۇد ـ سۇرۇد گۇلەم زوكىت» (1986 ـ يىلى) قاتارلىق داستانلىرى ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان.



ئۇنىڭ 1979 - يىلى «جەڭچى» دېگەن شېئىرى «قەشقەر گېزىتى»دە ئېلان قىلىنىپ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىجادىيەتنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باستى.

روزى گۈلباينىڭ ھازىرغىچە كۆپلىگەن ئەسەرلىرى ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى «خۇش ئامەدى»، «مۇزتاغ سۆيگۈسى»، «شىنجاڭ تاجىك ئەدىبلىرى»، «جۇڭگو تاجىكلىرى» قاتارلىق مەجمۇئەلەرگە كىرگۈزۈلدى.

ئۇنىڭ «سەيلىگاھ» ناملىق شېئىرلار توپلىمى 2004 - يىلى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

روزى گۈلباينىڭ «ئاھ، دىلپارە» ناملىق پوۋېستى 2001- يىلى تۇنجى قېتىملىق «تارىم ئەدەبىياتى مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى. شۇ يىلى شىنجاڭ ياشلار- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «ئاھ، دىلپارە» ناملىق پوۋېست - ھېكايىلەر توپلىمى نەشر قىلىندى.

2008 - يىلى روزى گۈلباي «قەشقەر» ژۇرنىلىنىڭ 3 - ، 4 - سانىدا «قاشتاش نېمە ئۈچۈن شۇنچە سۈزۈك» ناملىق سىنارىيەسىنى ئېلان قىلىپ، جەمئىيەتتە يەنە بىر قېتىم كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاپتورنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ تونۇشتۇرۇلدى.

روزى گۈلباينىڭ ئەسەرلىرى تېمىسىنىڭ يېڭىلىقى، تىلىنىڭ راۋان، ئاممىباپلىقى، سۈژېت قۇرۇلمىسىنىڭ پۇختىلىقى، تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ قويۇقلۇقى بىلەن ھازىرقى



تاجىك ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىدى. ئۇ تاجىك خەلقىنىڭ جەمئىيەت، تەرەققىيات، ياشاش مۇھىتى، تۇرمۇش ئۆرپ - ئادىتى، ھېسسىيات، پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىكى، روھىي دۇنياسىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنى بىر گەۋدە قىلىپ تەسۋىرلەشتەك ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇب ياراتتى.

روزى گۇلباي جۇڭگو يېزا مائارىپ تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

ئۇ يۇقىرىقى نەتىجىلىرى بىلەن «بۈگۈنكى دەۋر مائارىپ ساھەسىدىكى داڭلىق شەخسلەر قامۇسى»، «جۇڭگو بۈگۈنكى دەۋر ئىگىلىك تىكلىگۈچى ئۇلۇغ ئەربابلار قامۇسى»، «جۇڭگو تاجىك ئەدەبىياتى تارىخى» قاتارلىق ئېنسىكلوپېدىيە، قامۇسلاردا تونۇشتۇرۇلۇپ، يۇقىرى باھاغا ئېرىشتى.

ئۇ ھازىر «جۇڭگو تاجىكلىرىنىڭ توي - تۆكۈن، ئۆرپ - ئادەت، قائىدىلىرى»، «قاشتاش نېمە ئۈچۈن شۇنچە سۈزۈك» قاتارلىق توپلاملىرى ئۈستىدە ئىشلىمەكتە.





# مۇقەددىمە

## مۇبارەكى «سې سەد رۇبائىي»

### ـــ شائىر روزى گۈلباينىڭ شۇ نامىلىق توپلىمىغا باھا

**شېرىن قۇربان**

**1**

ئۆزىنىڭ پىروزا ئەسەرلىرى توپلىمى «ئاھ، دىلپارە» (شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2001 ـ يىلى نەشرى) ۋە پوئېزىيە ئەسەرلىرى توپلىمى «سەيلىگاھ» (شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2004ـ يىلى نەشرى) بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلغان تاجىك يازغۇچىسى ۋە شائىرى روزى گۈلباي ئەمدىلىكتە ھەر مىللەت كىتابخان ـــ ئوقۇرمەنلىرىگە «سې سەد رۇبائىي» (300 رۇبائىي) نى تەقدىم قىلدى. بۇ بىر ئەھمىيەتلىك، قۇتلۇق ئىش، تەبرىكلەشكە ۋە مۇبارەكلەشكە ئەرزىيدۇ. چۈنكى، بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، خاس رۇبائىيلار توپلىمىنىڭ نەشر قىلىنىشى بۈگۈنكى دەۋر تاجىك ئەدەبىياتىدا تېخى تۇنجى قېتىملىق ئىش. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، روزى گۈلباينىڭ «سې سەد رۇبائىي» توپلىمىنىڭ نەشر قىلىنىشى بوشلۇقنى تولدۇرۇش ياكى يېڭىلىق يارىتىش ئەھمىيىتىگە ئىگە. شۇڭا، توپلام توغرۇلۇق ئىككى كەلىمە سۆز قىلىشقا توغرا كەلدى.



试读结束：需要全本请在线购买： www.ertongbook.com

## 2

تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا، ئەدىبىمىز روزى گۈلباينىڭ ئىجاد قىلغان رۇبائىيلىرىنىڭ سانى 1000 دىن ئاشىدۇ. «سې سەد رۇبائىي» يەنى 300 رۇبائىي ئەنە شۇ 1000 رۇبائىي ئىچىدىن تاللىنىپ توپلام قىلىنغان.

بىز شائىر روزى گۈلباينىڭ رۇبائىيلىرىنى سېلىشتۇرۇش، تەھلىل قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق شۇنى ھېس قىلدۇقكى، روزى گۈلباينىڭ رۇبائىيلىرى بىرىنچىدىن، سان جەھەتتىن بىرقەدەر كۆپ، سۈپەت جەھەتتىن خېلىلا ياخشى؛ ئىككىنچىدىن، ئىجادىيەت جەھەتتە بىردەملىك قىزغىنلىق ۋە تاسادىپىي كەلگەن ھېسسىياتنىڭ مەھسۇلاتى بولماستىن، بەلكى مۇئەييەن ئارقا كۆرۈنۈش ۋە ئىجادىيەت ئادىتىگە ئىگە. تەكشۈرۈشىمىزچە، ئۇ بۇنىڭدىن 30 نەچچە يىل ئىلگىرىلا رۇبائىي ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. دېمەكچىمىزكى، ئۇنىڭ رۇبائىي ئىجادىيىتى ئىزچىللىققا ئىگە؛ ئۈچىنچىدىن، روزى گۈلباينىڭ رۇبائىيلىرى بۈگۈنكى تاجىك ئەدەبىياتىدا مۇئەييەن ئورۇن ۋە تەسىرگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، ئۆزبېك ئەدەبىياتىدا مۇئەييەن تەسىرگە ئىگە. چۈنكى، ئۇنىڭ رۇبائىيلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىجاد قىلىنغان، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ رۇبائىيلىرى سان جەھەتتىن خېلىلا كۆپ. ئىجادىيەت جەريانىدا ئۇيغۇر رۇبائىيچىلىق ئۇسلۇبى ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتكەن، ئۇنىڭ رۇبائىيچىلىق ئۇسلۇبىمۇ ئۇيغۇر رۇبائىيچىلىقىغا تەسىر كۆرسەتكەن، بۇ ئەقەللىي دىيالېكتىكىدۇر؛

تۆتىنچىدىن، روزى گۈلباي رۇبائىيلىرى گەپ دۆۋىسى، قاپىيە ئويۇنى ۋە دەبدەبىلىك شوئار ئەمەس، بەلكى ناھايىتى سەمىمىي ۋە يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن چىققان بولۇپ، ئۇلاردا تۇرمۇش مەنزىرىسى، مىللىي پۇراق، يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە زامان ھىدى چېلىقىپ تۇرىدۇ.

## 3

بىز يۇقىرىدا روزى گۈلباينىڭ رۇبائىيچىلىق ئىجادىيىتى مۇئەييەن ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە دېدۇق. بۇ گەپنىڭ مەنىسى شۇكى، تاجىكلارنىڭ مول ئەنئەنىۋى رۇبائىيچىلىقى روزى گۈلباي رۇبائىيچىلىق ئىجادىيىتىنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس بۇلىقى. روزى گۈلباي تېماتىكىلىق مەزمۇن، شەكىل - قۇرۇلما ۋە ئۇسلۇب، ئىستىل جەھەتتە تاجىك ئەنئەنىۋى رۇبائىيچىلىقىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان، ئۇنىڭدىن بەھرە ۋە ھۇزۇر ئالغان. بىز بۇ يەردە روزى گۈلباي رۇبائىيلىرىنى ئوتتۇرا ئاسىيا تاجىك كىلاسسىك رۇبائىيچىلىقى، ئىران پارس كىلاسسىك رۇبائىيچىلىقى، تېخىمۇ يوغان گەپ قىلسپ، ئۇنى ھېكىم ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى، ھافىز شىرازى رۇبائىيلىرى، ئابدۇرەھمان جامىي رۇبائىيلىرى، ناسىر خىسراۋ دېھلەۋى رۇبائىيلىرى، مىرزا ئابدۇقادىر بېدىل رۇبائىيلىرى بىلەن بىر يەرگە قويۇپ ياكى ئۇلارنىڭ كەينىگە تىزىپ لاپ گەپ قىلماقچى ئەمەسمىز. بىز روزى گۈلباي رۇبائىيلىرىنى پەقەت ئېلىمىز شىنجاڭ (پامىر) تاجىك خەلق رۇبائىيلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بۇنىڭدىن ئۇنىڭغا، ئۇنىڭدىن بۇنىڭغا ئۆتۈپ گەپ قىلماقچىمىز.



ئىپتىخارلىق ۋە پەخىرلىك هالدا شۇنى ئېيتالايمىزكى، ئېلىمىز شىنجاڭ تاجىكلىرىنىڭ ئەل ئەدەبىياتى سىستېمىسىدا بىرنەچچە مىڭ رۇبائىي بار.

مەرھۇم تاجىك ئەل ئەدەبىيات ئۇستازلىرى تابىلدى هوشۇر (1928 — 2002- يىللار)، مۇھەممەت روزى (1936 — 1973- يىللار)، ئاتاقلىق تاجىك يازغۇچىلىرى مۇنى تابىلدى، مەدەلىخان بالۇن، ئاتىكە زەمىر قاتارلىقلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك يىغىش، توپلاش، رەتلەش، تەرجىمە قىلىش نەتىجىسىدە تاجىك خەلق رۇبائىيلىرىدىن 1000 دىن ئارتۇقراقى توپلىنىپ، بىر قىسمى ئۇيغۇر تىلى ۋە خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. بۇ رۇبائىيلار ئاجايىپ چىرايلىق، ئاجايىپ تەسىرلىك بولۇپ، ئۇنى تاجىك خەلق ئىجتىمائىي هاياتىنىڭ بەدىئىي خاتىرىسى دېيىشكە بولىدۇ.

ئېلىمىز تاجىك خەلق رۇبائىيلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئاھاڭغا سېلىنغان بولۇپ، ئوقۇشقا، يادلاشقا ئەپلىك. شائىرىمىز روزى گۈلباي مانا مۇشۇنداق رۇبائىي مۇھىتىدا تۇغۇلغان، چوڭ بولغان. ئۇ يەنە تاجىك خەلق رۇبائىيلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش خىزمىتىگە قاتناشقان. بۇ جەرياندا ئۇ خەلق رۇبائىيلىرىدىن ئىلھام ئېلىپ، رۇبائىي ئىجادىيەت يولىغا قەدەم تاشلىغان. شۇڭا، تامامەن ئېيتىشقا بولىدۇكى، روزى گۈلباي رۇبائىيلىرى بىلەن تاجىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى رۇبائىيلىرى تايىنىشلىق - باغلىنىشلىق مۇناسىۋەتتىگە ئىگە. تاجىك خەلق رۇبائىيلىرىدىن ئىبارەت بۇ سۈزۈك بۇلاق سۈيىدىن بەھرە ئالغان روزى گۈلباي رۇبائىيلىرىنىڭ ياخشى بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال، ئەلۋەتتە. چۈنكى، «دەرەخنىڭ يىلتىزى قانچىلىك چوڭقۇر بولسا،





ئۇ شۇنچە ئېگىز ئۆسىدۇ» (تاجىك خەلق ماقالى).

## 4

بىز شائىر روزى گۈلباينىڭ رۇبائىيلىرىغا قارىتا تىك ۋە توغرا يۆنىلىش بويىچە تەپسىلىي نەزەر سېلىش جەريانىدا شۇنى ھېس قىلدۇقكى، شائىرنىڭ رۇبائىي ئىجادىيىتى ئاددىيلىقتىن تەدرىجىي مۇرەككەپلىككە، تېيىزلىقتىن تەدرىجىي چوڭقۇرلۇققا، ئاشكارا تەسۋىرلەشتىن ئوبرازلىق تەسۋىرلەشكە، قېلىپبازلىقتىن ئەركىن بايانغا، ئىدىيەۋى مەزمۇندا ھېكمەت يارىتىشقا قاراپ تەرەققىي قىلغان. مودا ئاتالغۇ بىلەن ئېيتقاندا، روزى گۈلباي رۇبائىي ئىجادىيىتىدە يېڭىلىق ۋە خاسلىق، ئالاھىدىلىك يارىتىشقا تىرىشقان. ھالبۇكى، بۇ شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ لوگىكىسىغا، جۈملىدىن ئىجادىيەت تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. دۇنيادا «ئىگە ـ ئىگە» ئەمەس، بەلكى «بىلىم ـ بىلىم» دەپ چۈشكەن بوۋاقنى جاھان ئەھلى تېخى كۆرگەن ئەمەس. دەرۋەقە، «ھەممە تاش ئوخشاش يارالغان بولسا، ياقۇتنىڭ قەدرى بولماس ئىدى، ھەممە ئادەم ئەقىلدە ئوخشاش يارالغان بولسا، ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنانىڭ قەدرى بولماس ئىدى» (تاجىك خەلق ماقالى). دېمەكچىمىزكى، شائىر روزى گۈلباي بىر تەرەپتىن تەبىئىي ئىجادىيەت تالانتىغا ئىگە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ ئىجادىيەتتە، بولۇپمۇ رۇبائىي ئىجادىيىتىدە تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان.

## 5

ئەمدى بىز مەزمۇن، تېما تېكىستى نۇقتىسىدىن روزى گۈلباي



رۇبائىيلىرىغا نەزەر تاشلايلى. روزى گۈلباي رۇبائىيلىرى شەكىل جەھەتتىن ھەجمى قىسقا، ۋەزنى نىسبەتەن ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇنىڭ ھەربىر رۇبائىيسى ئىخچام شەكىل ئارقىلىق تولۇق ئاياغلاشقان بىر پۈتۈن پەلسەپىۋى، نەزەرىيەۋى ۋە مەنتىقىلىق ئوي - پىكىرنى ھېسسىياتلىق ئىپادىلەپ بەرگەن. بەزى رۇبائىيلىرى تېخى نەچچە ئون مىسرالىق شېئىر، غەزەل ياكى بىر داستان ئالغا سۈرمەكچى بولغان ئىدىيەنى قىسقا تۆت مىسرا بىلەن بىراقلا ئىپادىلەپ بەرگەن. شۇڭا، شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە رۇبائىيچىلىق ئىجادىيىتى روزى گۈلباينىڭ ئەڭ مۇھىم ۋە خاسلىققا ئىگە شېئىر مۇۋەپپەقىيىتى ھېسابلىنىدۇ. بىز ئىدىيەۋى مەزمۇن بويىچە روزى گۈلباينىڭ «سې سەد رۇبائىي» سىنى «ۋەتەن، يۇرت توغرىسىدىكى رۇبائىيلار»، «تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە تەپەككۇر توغرىسىدىكى رۇبائىيلار»، «سۆيگۈ - مۇھەببەت توغرىسىدىكى رۇبائىيلار»، «تۇرمۇش ۋە ئەخلاق - پەزىلەت توغرىسىدىكى رۇبائىيلار» دەپ بىرقانچە تۈرگە بۆلۈشنى مۇۋاپىق كۆردۇق. تۆۋەندە ھەربىر تۈر توغرىسىدا قىسقىچە مۇھاكىمە ئېلىپ بارىمىز.

ۋەتەن، يۇرت — ئەزىز دىيار، شېرىن دىيار. بىز ۋەتەن، يۇرت تۇپرىقىدا تۆرىلىپ، پانىي دۇنيادا ياشايمىز. بىز يەنە ۋەتەن، يۇرت تۇپرىقىدا باقىي ئالەمدە ياشايمىز. بىزنىڭ مەۋجۇدىيىتىمىز، بىزنىڭ تەقدىر - ئىقبالىمىز ۋەتەن - يۇرتنىڭ مەۋجۇدىيىتى ۋە تەقدىر - ئىقبالى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىشلىق. ۋەتەندىن ئايرىلساڭ خارلىنىسەن، قەلەندەر بولىسەن. بەزى كىشىلەرنىڭ يات ئەلدە مال - دۆلىتى زىيادە بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى پەرىشان. مۇشۇ نۇقتىدا ۋەتەن، يۇرت ئەدەبىياتتا، جۈملىدىن شېئىرىيەتتە، بولۇپمۇ رۇبائىيچىلىقتا مەڭگۈلۈك تېما.



6

تاجىك كىلاسسىك مۇتەپەككۇر شائىرى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى (934 — 1025) نىڭ ئالەمگە مەشھۇر بولغان ھومىر (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 8-، 9- ئەسىرلەردە ياشىغان)نىڭ «ئىلىئادا» ئېپوسىدىن سەككىز ھەسسە زىيادە بولغان 120 مىڭ مىسرالىق شاھ كىتاب «شاھنامە» سىنى ئۇنداق سۆپەتلەيمىز، بۇنداق تەسۋىرلەيمىز. بىر ئېغىز خۇلاسە — ئۇنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسى ۋە روھى ۋەتەنپەرۋەرلىكتۇر. روزى گۈلباينىڭ رۇبائىيلىرى ئىچىدە ۋەتەن ۋە يۇرت ھەققىدىكى رۇبائىيلىرى 70 تىن ئاشىدۇ. بۇ رۇبائىيلاردا شائىر ئوخشاشمىغان نۇقتىلاردىن، ئوخشاشمىغان تەرەپلەردىن ئەزىز ۋەتىنىنى، ئانا دىيارىنى جەننەت، بېھىش كەبى تەسۋىرلەپ، ۋەتەن، يۇرت ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن.
ئالايلۇق:

يۇرت - ۋەتەن بىر گەۋدە — بىر پۈتۈن بەدەن،
گۈللەنسە يۇرت - ۋەتەن شۇ بەدەن تىمەن.
بولمىسا يۇرت ئاۋات، ۋەتەن قۇدرەتلىك،
ئاغرىيدۇ ئازابتا كېسەلمەن شۇ تەن.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، شائىر روزى گۈلباي شەخسىنىڭ تەقدىر- قىسمىتىنى ۋەتەننىڭ تەقدىر- قىسمىتى بىلەن ئورگانىك باغلىغان. شائىر دېمەكچى، «ۋەتەن - يۇرت گۈللەنسە، مەن خۇشال - خۇرام، ۋەتەن- يۇرت خارلانسا، دىلىم بىئارام».

يايلاقتا ئۆستۈممەن، يۈكسەك ئىستىكىم،
تاغ كەبى ياشىماق ئارزۇ - ئارمىنىم.



试读结束：需要全本请在线购买： www.ertongbook.c